# 296855 ـ شەرت–شارائىتنى تىللاش ياكى لەنەت قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سوئال**

شەرت–شارائىتنى تىللاش ياكى لەنەت قىلىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ئادەم ئەۋلادلىرى ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ، زاماننى تىللايدۇ، مەن زاماندۇرمەن، ئىش تۈتقۇسى مېنىڭ قولۇمدىدۇر، كېچە–كۈندۈزنى مەن ئالماشتۇرىمەن. [بۇخارى رىۋايىتى 4826–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2246–ھەدىس. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: زاماننى تىللىماڭلار، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئۇ زاماندۇر دەپ بايان قىلىنغان.

ئىبنى ئابدۇلبەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر، ئىمام شافىئى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەرەبلەر ھەقىقەتەن ئۆلۈم–يېتىم، ۋەيرانچىلىق، مال–دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قىلىش قاتارلىق بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئۇلار زاماننى تىللاپ ۋە سۆكۈپ: بىزگە زاماننىڭ ئاپەتلىرى يەتتى، ئۇلارنى زامان تۈپ–يىلتىزىدىن يوق قىلدى، ئۇلارغا زاماننىڭ ئوڭۇشسىزلىقلىرى يەتتى، كېچە–كۈندۈز ئۇلارغا شۇنداق قىلدى دەيتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن زاماننى سۆكەتتى ۋە تىللايتتى".

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: زاماننى تىللىماڭلار يەنى سىلەرگە يەتكەن ئىشنىڭ سەۋەبىدىن زاماننى تىللىماڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر بۇنى قىلغۇچىنى تىللىساڭلار، ئاللاھنى ھاقارەت قىلغان بولىسىلەر، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغۇچى ئاللاھدۇر، ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ بولۇپ، پەقەت ھەممىدىن يۈكسەك ۋە كاتتا بولغان ئاللاھ خالىغان ئىش بولىدۇ. ["ئەلئىستىزكار"27–توم 310–بەت].

زاماننى ھاقارەت قىلىشنى چەكلەش ئىشىدىن، بۇ ھاقارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى لازىم تۇتىدۇ:

بىرىنچىسى: ھاقارەت قىلغۇچى ئۆز ئېتىقادىدا، زاماننىڭ ئۆزى پايدا–زىيان يەتكۈزۈشكە ئىگە بولىدۇ دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن پايدا–زىيان يەتكۈزۈشتە زاماننى ئاللاھ تائالاغا باراۋەر قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدۇ.

ئىككىنچىسى: زامانىى ھاقارەت قىلغۇچى ئۆز ئېتىقادىدا، زامان ۋە ئۇنىڭدا يۈز بېرىدىغان خۇرسەنلىك ۋە غەم-قايغۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى-ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانى ھاقارەت قىلغان بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياراتقۇچىدۇر.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "زامانىى ھاقارەت قىلىش ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ: ئىككى ئىشنىڭ بىرى چوقۇم بولىدۇ: ئۇ كىشى ياكى ئاللاھنى ھاقارەت قىلىدۇ ياكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشى زامان ئاللاھنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئىشلارنى قىلغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلسا ئۇ كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ، ئەگەر بۇ ئىشنى ئاللاھ ئۆزى يالغۇز قىلغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ ئىشلارنى قىلغۇچىنى ھاقارەت قىلغان بولىدۇ. ["زادىل مىئاد"2-توم 324-بەت].

مۇشۇ ئىللەتكە قارىغاندا، چەكلىمە ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە شەرت-شارائىتنى ھاقارەت قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى ئۇمۇ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ، زامان ۋە شارائىتلار ئۆز ئالدىغا پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇنى ھاقارەت قىلىشتىن ھاقارەت قىلغۇچى زامان ئۆز ئالدىغا زىيان يەتكۈزۈشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلسا بۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى پەرۋەردىگارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان نەرسىلەرنى زامان، شارائىتلارغا نىسبەت بەرگەن بولىدى.

ئەگەر ھاقارەت قىلغۇچى ياكى لەنەت قىلغۇچى بۇ ئەھۋاللار ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى بىلەن بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلسا، بۇنداق ھالەتتە ئۇ كىشى بۇ ئىشلارنى قىلغۇچى بولغان ئاللاھ تائالانى سۆككەن بولىدۇ.

بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەممىسى مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسىگە خەتەرلىكتۇر، مۇسۇلماننىڭ ئۇنداق ئىشلارنى مەقسەت قىلىشى توغرا بولمايدۇ، ئەگەر تىلىدىن خاتا كېتىپ قالسا تېزدىن ئاللاھ تائالانى شېرىكتىن پاكلاش ياكى ئاللاھنى زۇلۇم قىلدى ۋە ئەزدى دەپ گۇمان قىلىشتىن تەۋبە قىلىش كېرەك.

سوئال سورىغۇچى ياكى باشقا بىر كىشىگە بىرەر مۇسىيبەت يەتسە، ھاقارەت قىلىشقا ھەقلىق بولمىغان نەرسىلەرنى ھاقارەت قىلماستىن بەلكى شەرئى ئەدەب بىلەن ئەدەبلىنىپ، سەۋرچان بولۇپ، ئاللاھنى ياد ئېتىپ ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك: بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز(ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)،چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز دېيىش كېرەك.

ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ، أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ تەرجىمىسى: ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز دەيدۇ، ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر. [سۈرە بەقەرە 156-157-ئايەت].

ياكى ئۇلار ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئاللاھ خالىغان ئىش بولدى دەيدۇ.

ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىنغا نىسبەتەن ياخشىدۇر ۋە ئاللاھقا ياخشى كۆرەلگۈچىدۇر، ھەممىسىدە ياخشىلىق باردۇر، ئۆزۈڭگە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا ھېرىسمەن بولغىن، ئاللاھدىن ياردەم تەلەپ قىلغىن، ئاجىز بولما، ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت يەتسە: ئەگەر مەن مۇنداق، مۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولاتتى دېمىگىن، لېكىن ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئاللاھ خالىغان ئىش بولدى دېگىن، چۈنكى "ئەگەر" دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ئىشىغا يول ئاچىدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى 2664–ھەدىس. تېخىمۇ تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 8621-9571 – نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.